# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي

16

شەنبە

维吾尔文 11 月16日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24881 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيەنى ئۆگىنىش كوممۇنىستلارنىڭ زۆرۈر دەرسلىكى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 22 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئوتتۇز بەشىنچى قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشتە، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ھەم ئۇنىڭ دەۋر ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئېلان قىلغان مۇھىم سۆزى: «ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيەنى ئۆگىنىش كوممۇنىستلارنىڭ زۆرۈر دەرسلىكى» ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيەنى ئۆگىنىش كوممۇنىستلارنىڭ زۆرۈر دەرسلىكى. بىز «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نى قايتا بىر قېتىم ئەسلەپ، ماركسىزم ھەقىقىتىنىڭ كۈچىنى ھېس قىلىپ، ماركسىزملىق ئېتىقادنى چىڭىتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باشلىيا، 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار خو شياۋگۇاڭ، شۇ لىنگۈي) شۇ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىيادا جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ئوخشاشلا ئاساسلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ئىقتىسادىي گەۋدىسى، ئىچكى جەھەتتە ئىككىلىسى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتەك ئېغىر ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى، تاشقى جەھەتتە ئىككىلىسى كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوغداپ، يەككە تەرەپچىللىككە ۋە زومىگەرلىك قىلمىشىغا قارشى تۇردى. جۇڭگو تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن قويۇق ھەمكارلىشىپ، جۇڭگو ـ جەنۇبىي ئافرىقا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى قەتئىي ياخشى قوغداشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى داۋاملىق ساقلاپ، پارتىيەلەر ئارا ئالاقە ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئۆزئارا قوللىشى، «يولداش ھەم قېرىنداش»تەك ئالاھىدە دوستلۇق ۋە يۈكسەك ئۆزئارا ئىشىنىشنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



شۇ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىيادا جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا بىلەن كۆرۈشتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

# ئىشلىرىمىز ياشناپ رەڭدار بولۇۋەتەك بولغۇسى

### ـــ رەئىس شى جىنپىڭ گرېتسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇپ ھەم كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ باشلىيا ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىپ، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسى سالاپىتىنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باشلىيا، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپكە بىنائەن گرېتسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى ھەم برازىلىيەگە بېرىپ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى. سەپەر ئاخىرلىشىش پەيتىدە، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى بىللە كەلگەن مۇخبىرلارغا بۇ قېتىمقى زىيارەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: دۆلەت ئىچىدە يېقىندىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئوڭۇشلۇق ئېچىلدى، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، رەئىس شى جىنپىڭ يەنە ئالدىراش زىيارەت سەپىرىنى باشلىدى. يېقىن دوستلارغا تۈمەن چاقىرىملىق ئارىلىقمۇ يىراق بىلىنمەيدۇ، بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ياۋروپا، لاتىن ئامېرىكىسىنى كېسىپ ئۆتتى، بەش كېسەك ئالتۇن دۆلىتى جەم بولۇپ، دوستلۇق ئۈستىدە سۆزلەشتى، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلدى، ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۆزلىدى. رەئىس شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سۆزلىشىپ، مىڭ يىل داۋاملاشقان شەرق ـ غەرب مەدەنىيلىكىنى ۋاقىت، زاماندىن ھالقىتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ نۇرىنى چاقناتتى.

**بىرىنچى، جۇڭگو ـ گرېتسىيەنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى مۇستەھكەملىنىپ، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈلگىسى يارىتىلدى.**

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: گرېتسىيە بىلەن جۇڭگو ئوخشاشلا مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت، ئۆزئارا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 47 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ كەلدى، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قەتئىي قوللىدى. زۇڭتۇڭ پاۋلوپوۋلوس 5 ـ ئايدا جۇڭگوغا كېلىپ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى. زۇڭلى مىتسوتاكىس 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا جۇڭگوغا كېلىپ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەيلا، رەئىس شى جىنپىڭ تەكلىپكە بىنائەن گرېتسىيەدە زىيارەتتە بولدى، بۇ، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يېقىن دوستلۇقى ۋە جۇڭگو ـ گرېتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىدىيە، ئوخشاش مەدەنىيەت جۇڭگو ـ گرېتسىيە ئارىسىدىكى ھەر بىر قېتىملىق ئالاقىدە «ھاراق سورۇنىدا سىرداشلار بىلەن ئۇچراشقاندا مىڭ قەدەھمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دېگەن ئورتاق تونۇشنى پەيدا قىلدى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى چىن قەلبىدىن سۆزلىشىپ، نۇرغۇن يېڭى مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى، ئەمەلىي ھەمكارلىق ۋە مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش رىشتىسىنى چىڭىتىپ، جۇڭگو ـ گرېتسىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە بىردەك قوشۇلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

### ئىلى ئوبلاستى، ئاقسۇ شەھىرى كۆپ تارماق بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئورنىتىپ

# دەل جايىدا كۈچ چىقىرىش «يېمەكلىك بىخەتەرلىكى»نى قوغداش

**گېزىتىمىزنىڭ ئۈنىۋېرسال خەۋىرى** «ئىلگىرى بالىلارنىڭ مەكتەپتە ياخشى تاماق يېيەلمەي، مەكتەپتىن قايتىش يولىدا ئەخلەت يېمەكلىك سېتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ھازىر مەكتەپ ئاشخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى مەكتەپ ئەتراپىدىكى ماگىزىنلاردىكى لاياقەتسىز ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى تازىلاپ، تۈزەپ، ئاتا ـ ئانىلارنى خاتىرجەم قىلدى» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى غۇلجا شەھەرلىك 23 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئائىلە باشلىقى لۇ بىن.

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ شەھىرى قاتارلىق جايلار كۆپ تارماق بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئورنىتىپ، «2+8» مەخسۇس تۈزەشنى چۆرىدەپ، نىشان مەركىزىنى نىشانلاپ، كېسەل ئوچىقىغا توغرىلاپ، دىققەتنى ئاممىا كۆڭۈل بۆلىدىغان يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «يېمەكلىك بىخەتەرلىكى»نى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شىنجاڭنىڭ 100 خىلغا يېقىن خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە نامايان قىلىندى

**مۇخبىرىمىز لىيۇ يى خەۋەر قىلىدۇ:** 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 17 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى جياڭشى نەنچاڭدا باشلاندى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن يەرمەنكىگە قاتناشقان 52 كارخانىنىڭ 100 خىلغا يېقىن خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى مەركەزلىك نامايان قىلىندى.

بۇ نۆۋەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە «70 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى مەدھىيەلەش، يېزا ئىگىلىك سۈپەتلىك ماركىلىرىنى كۈچەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ـــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

### 40 يىل كۆچەت تىكىلىپ، قاقاس تاغ يېشىل ئۆپكىگە ئايلاندى

# ئۈرۈمچى يامالىق تېغىدا يېشىللىق بىلەن تولۇق قاپلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

**مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا، سۇ لۇپېڭ خەۋەر قىلىدۇ:** 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يامالىق تېغىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە بوش يەرگە سايىۋاغ رايونلۇق باغ ـ ئورمانچىلىق ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ئەن لىشېڭ ۋە سەپداشلىرى بىرلىكتە 100 تۈپ قىزىل ئېرەن كۆچىتى تىكتى، بۇ دەرەخ كۆچەتلىرىنىڭ تىكىلىشى 40 يىل بوشاشماي كۆكەرتىش، يېشىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى ئەڭ چوڭ قاقاس تاغ ـــ يامالىق تېغىدا يېشىللاشتۇرۇش بىلەن تولۇق قاپلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

«قاقاس تاغدىن شەھەردىكى باغچىغا ئايلىنىش، چاڭ ـ توزان مەنبەسىدىن شەھەرنىڭ يېشىل ئۆپكىسىگە ئايلىنىشىچە، يامالىق تېغىنىڭ يېشىللىق بىلەن تولۇق قاپلىنىشى شەھەردىكى قاقاس تاغنى يېشىللاشتۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى، شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى جانلىق ئەمەلىيىتى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ جيېنمىڭ.

يامالىق تېغى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بوران ئېغىزىغا جايلاشقان، تاغ گەۋدىسىنىڭ %90ى يالىڭاچ تاغ جىنسلىرى. ئىلگىرى بوران چىقسىلا، چاڭ ـ توزان بىۋاسىتە شەھەر مەركىزىگە بېسىپ كىرىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاساسلىق چاڭ ـ توزان بىلەن بۇلغىنىش مەنبەسىگە ئايلانغانىدى.

1979 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىش قارار قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئېكولوگىيەنى ياخشىلاش خەلق تۇرمۇشى ئىشى، ئۇنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرغاندا ھەقىقىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

□لى چۈنشيا

باھاردا تاغلار يېشىللىققا پۈركىنىدۇ، يازدا ياپيېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، كۈزدە ئورمانلار رەڭگا ـ رەڭ تۈسكە كىرىدۇ، قىشتا ئاپئاق قار بىلەن پۈركىنىپ تۇرىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ 40 يىل كۈچ ئۇلاپ كۆكەرتىشى ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندىكى يامالىق تېغىدا قاقاس تاغدىن يېشىل تاغقىچە بولغان غايەت زور ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كىشىلەر يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا نەزەر سالىدىغان، گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىنى پۇرايدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئون مەنزىرە رايونىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مۇھىت خەلق تۇرمۇشى دېمەكتۇر، يېشىل تاغ گۈزەللىك دېمەكتۇر، كۆك ئاسمانمۇ بەخت دېمەكتۇر. تۇنجى كۆچەت تىكىش بايرىمىدىن باشلاپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئەن لىشېڭ (سولدىن 2 ـ كىشى) ۋە خىزمەتداشلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يامالىق تېغىدا كۆچەت تىكمەكتە. □مۇخبىرىمىز شيې لۇڭ فوتوسى

### ■قىزغىن، ئوچۇق ـ يورۇق مىجەز ئىنتايىن ئالقىشقا ئېرىشتى

كەنت ئاھالىسى مەتتۇرسۇن ياسىن تېرىغان بۇغدىيىدىن ھوسۇل ئالدى، 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۇ كەنت كومىتېتىغا كېلىپ زىرائەت ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئالاقىدار جەدۋەلنى تولدۇردى، بۇ خىزمەتكە رازىلە مەسئۇل ئىدى. يىل بېشىدا كەنت كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# رازىلە كەنتتىكى ئەڭ ئالدىراش ئادەم بولۇپ قالدى

### ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، سۈي يۈنيەن

«رازىلە، بۈنى كۆرۈپ بېرىڭە، جەدۋەلنى مۇشۇنداق تولدۇرۇشۇم توغرىمۇ؟» «رازىلە، كۆزۈم ياخشى كۆرمەيدۇ، ماڭا بۇ ھۆججەتنى ئوقۇپ بېرەمسىز؟» «رازىلە، بۈگۈن بوش ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ بىزنىڭ ئۇسسۇلنى رىپېتىتسىيە قىلىشىمىزغا ياردەملەشكەن بولسىڭىز!» چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا بازىرى ساي ئۆستەڭ كەنتىدە، 25 ياشلىق رازىلە ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ، مەيلى كەنت كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەت بولسۇن، ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئەترىتىنىڭ مەشىقى بولسۇن، ھەممىسىدە ئۇ كەم بولسا بولمايتتى.

ئالدىراش خىزمەت رىتىمى بۇ ياش قىزنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتتى. مۇخبىرلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، رازىلە بۇنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرىكى بۇرۇقتۇم، تېرىككەك، بېكىنمە تۇرمۇشىنىڭ ئاللىبۇرۇن كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.